يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار «ئانار بۇلۇت»نى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇردى، ئىشلەتتى

**پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيلى**

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **جاڭ رۇيلىن، جاڭ تىڭ، رايىدە** خەۋەر قىلىدۇ: 2021-يىللىق پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىدە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار كۆپ خىل ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، شىنجاڭ پارتىيە تاراتقۇسىنىڭ 1-تېرمىنالى — «ئانار بۇلۇت» تېرمىنالىنى تەشۋىق قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇش، چۈشۈرۈپ ئىشلىتىش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلىدى.

«بىز تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، يېڭى تاراتقۇلاردا تەشۋىق قىلىش ۋە جەمئىيەت دائىرىسىدە تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ‹ئانار بۇلۇت› تېرمىنالىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىشلىتىشنى كېڭەيتتۇق. مەخسۇس ئادەمنى مەسئۇل قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ يولغا قويۇپ، ۋىلايەتتىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلاردىكى كادىرلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ‹ئانار بۇلۇت› تېرمىنالىنىڭ تەشۋىقاتچىسى، ئىشلەتكۈچىسى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق» دېدى ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى يۈەن بىڭ.

شىنجاڭ گېزىتخانىسى (شىنجاڭ گېزىتچىلىك-تاراتقۇ گۇرۇھى)، 85 ناھىيە دەرىجىلىك يۇغۇرما تاراتقۇ مەركىزى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر تاراتقۇلىرى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھۆكۈمەت ئىشلىرى يېڭى تاراتقۇلىرىنىڭ كۈچلۈك مۇخبىرلىق-تەھرىرلىك كۈچىگە تايىنىپ، «ئانار بۇلۇت» تېرمىنالىنىڭ مەزمۇن بايلىقى ئىنتايىن مول بولدى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى لېكتورلار ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى ۋېي بو مۇنداق قارىدى: «ئانار بۇلۇت» تېرمىنالى بىرىنچى ۋاقىتتا ئوقۇرمەنلەرگە پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىغان ئەجادىي ئاخبارات خەۋەرلىرى ۋە يەرلىكنىڭ يېڭى ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزۈپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ پارتىيەنىڭ زور سىياسەت-فاڭجېنلىرى ۋە ھەرقايسى جايلارنىڭ ئۆگىنىشكە، ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىغان ياخشى ئۇسۇللىرىنى ۋاقتىدا ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

«بىز كۈندە بىر قېتىم ھەيدەكچىلىك قىلىش، ئون كۈندە بىر قېتىم دوكلات قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندۇق، ئاساسلىق رەھبەرلەر باشلامچىلىق بىلەن چۈشۈرۈپ ئىشلەتتى، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالاقىدار ئورۇنلار ھەيدەكچىلىك قىلىش، يېتەكلەشكە مەسئۇل بولۇپ، ‹ئانار بۇلۇت› تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ ئىشلىتىش دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى» دېدى ۋېي بو تونۇشتۇرۇپ.

«ئانار بۇلۇت» تېرمىنالىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى «شىنجاڭ ‹ئانار بۇلۇت›نى ئومۇملاشتۇرۇش، ئىشلىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى ھەم خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت مەركىزى، ئىش بېجىرىش زالى قاتارلىق سورۇنلارغا چۈشۈرۈشنى چۈشەندۈرۈش سۈرەتلىرىنى چاپلىدى، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) ئىككى دەرىجىلىك نۆل ئارىلىق سۇپىلىرىدا «‹ئانار بۇلۇت›نى قاچىلاش كۆرسەتمىسى»نى ئېلان قىلىپ، دوۋيىن «ئانار بۇلۇت»نى ئومۇملاشتۇرۇش قىسقا سىنى ئىشلەپ، يېڭى تاراتقۇ سۇپىسى ئارقىلىق تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئومۇملاشتۇرۇش ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇردى.

قومۇل شەھىرى «ئانار بۇلۇت» تېرمىنالىنى تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش بىلەن ماس قەدەمدە ئالغا سىلجىتىپ، ھەرقايسى ئورگان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىن باشقا يەنە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى قاتارلىقلارنىڭ كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىش، تۇغقانلىشىش بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى قاتارلىق پائالىيەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىغا يۈزلەنگەن تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇشنى زورايتىپ، «ئانار بۇلۇت» تېرمىنالىنى تارقىتىش بوشلۇقىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى.

قومۇل شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ۋاڭ جيەنجۈن مۇنداق تونۇشتۇردى: قومۇل شەھىرى «ئانار بۇلۇت» تېرمىنالىنى ئۈنۈملۈك ئىشلىتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇنى مەركىزىي گۇرۇپپا ئۆگىنىشى، پارتىيە ياچېيكىسى ئۆگىنىشى قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «تېرمىنالنى ئېچىپ نەزەرىيە بىلىملىرىنى ئۆگىنىش»نى ئالغا سىلجىتىپ، ئۈنۈملۈك قاپلاش، ئۈنۈملۈك ئوقۇش، ئۈنۈملۈك تارقىتىشقا كۈچ سەرپ قىلدى.

«ئانار بۇلۇت» تېرمىنالى شىنجاڭ گېزىتخانىسى (شىنجاڭ گېزىتچىلىك-تاراتقۇ گۇرۇھى) پۈتۈن كۈچى بىلەن بەرپا قىلغان پارتىيە تاراتقۇسى ئۇچۇر سۇپىسى ۋە ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سۇپىسى بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇزلۇق ئۇچۇرلىرىنىڭ بىرىنچى ئېلان قىلىنىش سۇپىسى، ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىنىڭ مۇھىم كىرىش ئېغىزى ھېسابلىنىدۇ. 12-ئاينىڭ 25-كۈنىگىچە، «ئانار بۇلۇت» يان تېلېفون تېرمىنالىنىڭ ئومۇمىي چۈشۈرۈلۈش مىقدارى 1 مىليون 300 مىڭدىن ئاشتى.

---

(بېشى 1-بەتتە)

ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

مەھەللە، يېزا، مەكتەپ، كارخانا، يەككە سودا-سانائەت قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان ساھەلەردىن كەلگەن 14 ئاساسىي قاتلام ۋەكىلى ئوچۇق-يورۇق، كەڭ-كۇشادە پاراڭلاشتى. ئۇلار بىردەك مۇنداق قارىدى: «13-بەش يىل» مەزگىلىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. كۆپچىلىك سۆزىدە، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ، سودا كەسپلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھاجەتخانا ئىنقىلابى بىلەن ئېكولوگىيەلىك يېزا ئىگىلىكىنى بىرلەشتۈرۈش، ياشلار ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش، تېز يەتكۈزۈش كەسپى ۋە ئېلېكترونلۇق سودا كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاپتونوم رايوننىڭ «14-بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پروگراممىسىنى تۈزۈش ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى تەييارلاش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

كۆپچىلىكنىڭ پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن شۆھرەت زاكىر مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە جەزمەن ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكىرىنى تولۇق ئاڭلاپ، خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك. كۆپچىلىك ئىقتىساد، جەمئىيەت، تۇرمۇشقا ئەڭ بىۋاسىتە قاتنىشىسىلەر، ئامما بىلەن ئەڭ زىچ ئالاقىلىشىسىلەر، پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بەرگەنلىكىنى ئەڭ ھەققىي ھېس قىلالايسىلەر، ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر-تەكلىپلىرىڭلار ئاساسىي قاتلامنىڭ ئەمەلىيىتىگە يېقىن، ئاممىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، بۇ، يىرىك پىلان پروگراممىسى ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە ناھايىتى كۈچلۈك ئىلھام بېرىش خاراكتېرىگە ۋە يېتەكلەش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشكە كۈچلۈك تۈرتكە بولىدۇ ۋە ئۇنى ئالغا سىلجىتىدۇ. بىز ئەستايىدىل رەتلەپ، تولۇق قوبۇل قىلىپ، تۈزىتىپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يىرىك پىلان پروگراممىسى ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرىمىز، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئويلىغانلىرى، ئارزۇسىغا تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرىمىز.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «14-بەش يىل» مەزگىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئەبەدىي ئەمىنلىككە يۈرۈش قىلىدىغان ئاچقۇچلۇق بەش يىل. بىز پارتىيە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3-قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلىشىپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشى، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى، ئىناقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. كۆپچىلىكنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىگە ئىلگىرىكىدەكلا كۆڭۈل بۆلۈپ، دىققەت قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتىنى پائال قوللاپ ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئەقىل-پاراسىتى ۋە كۈچىنى تەقدىم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ سەككىز تىپىك مەسىلىنى ئاشكارىلىدى

**ئۆز خەۋىرىمىز** يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ سەككىز تىپىك مەسىلىنى ئاشكارىلىدى. بۇ سەككىز تىپىك مەسىلە تۆۋەندىكىچە:

1. ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش-ترانسپورت نازارىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر ۋاڭ يۇڭشۆەننىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتىنىڭ ئاپتوموبىلىنى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىش مەسىلىسى. 2013-يىلى 1-ئايدىن 2019-يىلى 12-ئايغىچە، ۋاڭ يۇڭشۆەن ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۇزاق مۇددەت بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتىنىڭ ئاپتوموبىلىنى ئارىيەت ئېلىپ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئىشلىتىشىگە بەرگەن. ۋاڭ يۇڭشۆەنگە پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

2. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مۇھىت ئۆلچەش-تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ سابىق پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى، پونكىت باشلىقى جاڭ جيېڭنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتىدىن سوۋغاتلىق پۇل، مال سېتىۋېلىش كارتىسى ئېلىش قاتارلىق مەسىلىسى. 2013-يىلدىن 2019-يىلغىچە بولغان جۇڭچيۇ، چاغان مەزگىلىدە، جاڭ جيېڭ كۆپ قېتىم باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتى سوۋغا قىلغان سوۋغاتلىق پۇل، مال سېتىۋېلىش كارتىسى قاتارلىقلارنى ئالغان، بۇنى سوندۇرۇپ ھېسابلىغاندا جەمئىي 95 مىڭ يۈەن بولغان. بۇنىڭدىن سىرت، جاڭ جيېڭدا يەنە ئىنتىزامغا خىلاپ باشقا مەسىلىلەرمۇ ساقلانغان. جاڭ جيېڭغا پارتىيەدە قالدۇرۇپ ئىككى يىل سىناش، مەمۇرىي ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلدى.

3. قەشقەر 2-ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چيەن جيەننىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتىنىڭ ئاپتوموبىلىنى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىش، سوۋغاتلىق بۇيۇم ئېلىش قاتارلىق مەسىلىسى. 2017-يىلى 9-ئايدىن 2019-يىلى 9-ئايغىچە، چيەن جيەن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتىنىڭ دالا ئاپتوموبىلىنى ئارىيەت ئېلىپ ئۆزى ئىشلەتكەن، ئۈچ قېتىم بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتى مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن سوۋغا قىلغان سوۋغاتلىق بۇيۇمنى ئالغان، بۇنى سوندۇرۇپ ھېسابلىغاندا جەمئىي 3000 يۈەن بولغان. بۇنىڭدىن سىرت، چيەن جيەندە يەنە ئىنتىزامغا خىلاپ باشقا مەسىلىلەرمۇ ساقلانغان. چيەن جيەنگە پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

4. شايار ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ سابىق مۇئاۋىن ھاكىمى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ سابىق پارتىيە كومىتېتى شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى ۋاڭ لەيجيېنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل ئېلىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتىنىڭ زىياپەت تەكلىپىنى قوبۇل قىلىش قاتارلىق مەسىلىسى. 2017-يىلى 1-ئايدىن 2019-يىلى 5-ئايغىچە، ۋاڭ لەيجيې ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتى سوۋغا قىلغان سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇلنى ئالغان، بۇنى سوندۇرۇپ ھېسابلىغاندا جەمئىي 20 مىڭ 200 يۈەن بولغان؛ كۆپ قېتىم باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي زىياپەت پائالىيىتىنىڭ ھاراق، تاماكا ۋە تاماق خىراجىتىنى تۆلەشكە ئورۇنلاشتۇرغان، بۇنى سوندۇرۇپ ھېسابلىغاندا جەمئىي 14 مىڭ 700 يۈەن بولغان. بۇنىڭدىن سىرت، ۋاڭ لەيجيېدا يەنە ئىنتىزامغا خىلاپ باشقا مەسىلىلەرمۇ ساقلانغان. ۋاڭ لەيجيېگە پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

5. ئاتۇش شەھەرلىك شەھەر باشقۇرۇش-مەمۇرىي ئۇنىۋېرسال قانۇن ئىجرا قىلىش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئابدۇمىجىت ئابلەكنىڭ قىزىنىڭ توي مۇراسىمىنى بەلگىلىمىگە خىلاپ ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى. 2019-يىلى 12-ئايدا، ئابدۇمىجىت ئابلەك ئاتۇش شەھىرىدىكى مەلۇم مېھمانسارايدا قىزىنىڭ توي مۇراسىمىنى تۆت قېتىمغا بۆلۈپ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئۆتكۈزۈپ، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتىدىن 59 كىشىنى قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلغان ھەم 18 مىڭ 400 يۈەن سوۋغاتلىق پۇل ئېلىپ، جەمئىيەتتە ناچار تەسىر پەيدا قىلغان. ئابدۇمىجىت ئابلەككە پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

6. ئۈرۈمچى شەھىرى مىدۇڭ رايونى جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش-باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى لى مىڭنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتىدىن سوۋغاتلىق بۇيۇم ئېلىش مەسىلىسى. 2020-يىلى 9-ئاي جۇڭچيۇ بايرىمىنىڭ ئالدىنقى كۈنى، لى مىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتى سوۋغا قىلغان يۆلىك، ئاق ھاراق قاتارلىق سوۋغاتلىق بۇيۇملارنى ئالغان، بۇنى سوندۇرۇپ ھېسابلىغاندا جەمئىي 2200 يۈەن بولغان، ھەم تەشكىل تەكشۈرۈۋاتقان مەزگىلدە باشقىلار بىلەن گېپىنى بىر قىلىۋالغان، دەلىل-ئىسپاتنى يوقىتىۋەتكەن. لى مىڭغا پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

7. كورلا شەھىرى چارباغ يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى ئەلى ھەسەننىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتىدىن سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل ئېلىش مەسىلىسى. 2017-يىلى 5-ئايدىن 2019-يىلى 3-ئايغىچە، ئەلى ھەسەن كۆپ قېتىم بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتى سوۋغا قىلغان سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇلنى ئالغان، بۇنى سوندۇرۇپ ھېسابلىغاندا جەمئىي 20 مىڭ 900 يۈەن بولغان. بۇنىڭدىن سىرت، ئەلى ھەسەندە يەنە ئىنتىزامغا خىلاپ باشقا قىلمىشلارمۇ ساقلانغان. ئەلى ھەسەنگە پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

8. قاراماي شەھەرلىك 6-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۈلۈك باشقۇرۇش مۇدىرى خې پېڭخۇينىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتىنىڭ زىياپەت تەكلىپىنى قوبۇل قىلىش، سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇلنى ئېلىش قاتارلىق مەسىلىسى. 2018-يىلى 1-ئايدىن 2020-يىلى 4-ئايغىچە، خې پېڭخۇي كۆپ قېتىم بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتى مۇناسىۋەتنى يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن تەشكىللىگەن زىياپەت پائالىيىتىنى قوبۇل قىلغان، سوۋغاتلىق بۇيۇم ۋە ۋېيشىن قىزىل بولىقىنى ئالغان، بۇنى سوندۇرۇپ ھېسابلىغاندا جەمئىي 8300 يۈەن بولغان. خې پېڭخۇيغا پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

يۇقىرىقى سەككىز مەسىلە، بەزى پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ يەنىلا تەپ تارتمىغانلىقى، قولنى تارتمىغانلىقى، نەپسىنى يىغمىغانلىقى، بەزىلىرىنىڭ تەلەيگە سىناش خىيالىدا بولغانلىقى، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ۋاستىسى، ئۇسۇلىنى يېڭىلىغانلىقى، بەزىلىرىنىڭ شامالغا قارشى ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، يامان تەسىر پەيدا قىلغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، جەزمەن كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ، بەزى پارتىيەلىك كادىرلاردا مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىدىيە ئاڭلىقلىقىنىڭ تېخى شەكىللەنمىگەنلىكى، «تۆت خاھىش» مەسىلىسىنىڭ قايتا كۆرۈلۈپ باش كۆتۈرۈش يوشۇرۇن خەۋپىگە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، جەزمەن «قاتتىق بولۇش» ئاساسىي رىتىمىنى ساقلاپ، بوشاشماي دائىم تۇتۇش، بىر مىنۇتمۇ بوشاشتۇرماسلىق، قىلچە يول قويماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىشتا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

2021-يىللىق يېڭى يىل، چاغان يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا، قانچە تۈگۈن نۇقتا بولغانسېرى شۇنچە ھەر ۋاقىت ھوشيارلىقنى ساقلاپ، ئىنتىزام قىزىل سىزىقنى دەسسەشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3-قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر-ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئېلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيەلىك كادىرلارنى تەربىيەلەش، باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «تۆت خاھىش» مەسىلىسىنىڭ قايتا كۆرۈلۈپ باش كۆتۈرۈشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار بولۇپمۇ رەھبىري كادىرلار سىياسىي يۇكسەكلىكنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، باشلامچى بولۇش ئۈنۈمى ئېففېكتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر ۋاقىت ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئۆزىنى قەدىرلەپ، ئىنتىزام كىرىچىنى باشتىن-ئاخىر چىڭىتىپ، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، «تۆت خاھىش»نى تۈزىتىشتىكى ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىقى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە ئىشنى كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ، كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ چىڭىتىپ، «تۈگۈن نۇقتا»نى «سىناق نۇقتا» قىلىپ، «بايرام كېسىلى»گە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ھەرىكەت تۆۋەن چېكىنى ساقلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇھىم تۈگۈن نۇقتىنى چىڭ ساقلاپ، ئاجىز ھالقىلارنى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى «ئاچقۇچلۇق ئاز سانلىق»لارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، نازارەتچىلىك ئاساسىي ۋەزىپە-مەسئۇلىيىتى، بىرىنچى ۋەزىپە-مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، كۈندىلىك نازارەتچىلىكنى پۇختا ئىشلىشى، ئىنچىكە ئىشلىشى كېرەك. بايرام مەزگىلىدە ئاسان يۈز بېرىدىغان بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا يەپ-ئىچىش، يېمەك-ئىچمەك ئىسراپچىلىقى، ھۆكۈمەت ئاپتوموبىلىنى شەخسىي ئىشقا ئىشلىتىش قاتارلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بالدۇر تۇتۇش، كىچىكىدە تۇتۇش، چوڭقۇر قېزىپ ئىنچىكە تەكشۈرۈش، نىشانلىق تەدبىر يۈرگۈزۈپ تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، شامالغا قارشى ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ تېز بىر تەرەپ قىلىشى، قەتئىي بوش قويۇۋەتمەسلىكى كېرەك. مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش بىلەن تۈزىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ يوچۇقلارنى تەكشۈرۈش، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، قائىدە-تۈزۈم ئورنىتىپ، تۈزەشنى ئەمەلىيلاشتۇرۇپ، تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا سىجىل تۈرتكە بولۇپ، مەڭگۈ داۋاملاشتۇرىدىغان قەيسەرلىك ۋە قەتئىيلىك بىلەن پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجە-ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.